بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

ISLAM AWAZI

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

50- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/02/03

مىلادىيە: 2018/10/12

t.me/@tipislamawazi

t.me/@eserler


# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿اشْتَرَوْا بِآيَاتِ اللَّهِ ثَمَنًا قَلِيلًا فَصَدُّوا عَنْ سَبِيلِهِ إِنَّهُمْ سَاءَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ۞ لَا يَرْقُبُونَ فِي مُؤْمِنٍ إِلًّا وَلَا ذِمَّةً وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُعْتَدُونَ ۞ فَإِنْ تَابُوا وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ فَإِخْوَانُكُمْ فِي الدِّينِ وَنُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ۞ وَإِنْ نَكَثُوا أَيْمَانَهُمْ مِنْ بَعْدِ عَهْدِهِمْ وَطَعَنُوا فِي دِينِكُمْ فَقَاتِلُوا أَئِمَّةَ الْكُفْرِ إِنَّهُمْ لَا أَيْمَانَ لَهُمْ لَعَلَّهُمْ يَنْتَهُونَ﴾.

## ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئۇلار اللهنىڭ ئايەتلىرىنى (دۇنيانىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىدىن) ئەرزىمەس نەرسىلەرگە تېگىشتى، (كىشىلەرنى) اللهنىڭ يولىدىن توستى. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! [9]. ئۇلار مۆئمىنلەر ھەققىدە نە تۇغقانچىلىقنى، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار (سىلەرگە زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر [10]. ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز [11]. ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق [12]» (سۈرە تەۋبە 9ـ ئايەتتىن 12ـ ئايەتكىچە).

## ئايەتنىڭ تەپسىرى

قۇرئاننىڭ بايان قىلىش ئۇسلۇبى يەنىلا مۇشرىكلار ھەققىدە سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، شۇ مۇشرىكلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇلار اللهنىڭ ئايەتلىرىنى (دۇنيانىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىدىن) ئەرزىمەس نەرسىلەرگە تېگىشتى»، يەنى ئۇلار ئىماننى سېتىپ كۇفرىنى سېتىۋالدى، خۇددى ئۆزلىرىنى ئىسلامدىن توسقاندەك ئۆزىدىن باشقىلارنىمۇ ئىسلامدىن توستى. ۋاھالەنكى، ئىسلام ئۇلارنىڭ ھايات يولى ۋە بەخت ـ سائادىتىنىڭ ۋاسىتىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تعالى ئۇلارنىڭ تاللىغان يولىنىڭ قەبىھلىكىنى بايان قىلىپ: «ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!» دەيدۇ. شۇنىڭدەك، الله ئۇلارنىڭ ھەرقانداق مۆئمىن توغرىسىدا نە تۇغقانچىلىقنا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار مۆئمىنلەر ھەققىدە نە تۇغقانچىلىقنا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار (سىلەرگە زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر». اللهنىڭ ئۇلارنى ھەددىدىن ئېشىش بىلەن سۈپەتلىشى شۇنىڭغا دەلىلكى، ئۇلار ئەھدىلەرگە ھۆرمەت قىلمايدۇ ۋە اللهتىن قورقمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى كۇفۇر ۋە ئاسىيلىق سەۋەبلىك قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇ كاپىرلار قورال تاشلاپ اللهقا مۇسۇلمان (يەنى اللهقا بويسۇنغۇچى) بولغان ياكى مۆئمىنلەرگە تەسلىم بولغانغا قەدەر، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنى تاپقان جايدا ئۆلتۈرۈشلىرى، ئەسىرگە ئېلىشلىرى، ئۇلارنى مۇھاسىرە قىلىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇپ ھاجىز (يەنى توساق) ياكى پىستىرما قويۇشلىرى پەرزدۇر.

الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز». يەنى اللهنىڭ يەككە ـ يېگانىلىقىغا دەلىل بولىدىغان پاكىتلار، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش ۋە ئۇرۇش ھەم تىنچلىقتا ئالاقىدار بولغان شەرئى ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى قۇرئان ئايەتلىرىنى مۇشۇنداق بايان قىلىمىز. ئىلىمسىز ۋە جاھالەت ئەھلى بولغانلار بۇ ئايەتلەردىن پايدىلىنالمايدۇ چۈنكى شېرىك ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ ئازدۇرۇشى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى قارا ۋە ئەقىللىرى بۇلغانغاندۇر.

«ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق». الله تعالى بۇ سۆز ئارقىلىق مۇشرىكلار ئىچىدىكى ئەھدە تۈزۈشكەن كاپىرلارنى مەقسەت قىلىدۇ چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى چىڭتتقان مۇستەھكەم ئەھدىلىرىنى بۇزۇپ ئىسلامنى سۆكۈشتى ۋە ئىسلامنى قارىلىدى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كۇفرىنىڭ ئىماملىرى (يەنى كۇفرىنىڭ داھى ۋە رەئىسلىرى) ۋە كاپىرلارنىڭ باشلىرىدۇر شۇڭا ئۇلارغا توختاۋسىز ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ سىلەرگە بەرگەن قەسەمنامىسىگە ھېچ ئەھمىيەت بەرمەڭلار چۈنكى ئۇلارنىڭ قەسەملىرى ئېتىۋارسىزدۇر. ئۇلار كۇفرىدىن ۋە ئەھدىگە خىيانەت قىلىشتىن يېنىپ مۇۋاھھىد (يەنى تەۋھىدچى ياكى اللهنى يەككىلەشتۈرگۈچى)، مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر ۋە اللهنىڭ دۈشمىنى ئەمەس بەلكى سىلەرگە ئوخشاش اللهنىڭ دوستلىرى بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.

## ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، كىمكى ئۈچ نەرسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدىكەن قىيامەت كۈنى الله ئۇ كىشى بىلەن ئۆز رەھمىتىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تاشلايدىغانلىقى. مەسىلەن، 1. الله تعالى: «اللهقا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» دەپ ئىككى ئىتائەتنى بىر يەردە كەلتۈرسە، «مەن اللهقا ئىتائەت قىلىمەن، رەسۇلغا ئىتائەت قىلمايمەن» دېگەن كىشى: 2. الله تعالى: «نامازنى ئادا قىلىڭلار ۋە زاكاتنى بېرىڭلار» دەپ ناماز بىلەن زاكاتنى بىر يەردە كەلتۈرسە، «ناماز ئوقۇيمەن، زاكات بەرمەيمەن» دېگەن كىشى: 3. الله تعالى: «ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن» دەپ ئىككى شۈكرىنى بىر يەردە كەلتۈرسە، «اللهقا شۈكرى قىلىمەن، ئاتا ـ ئانامغا شۈكرى قىلمايمەن» دېگەن كىشىلەرگە ئوخشاش.

ئىككىنچى، قانداق بىر كىشى تاجاۋۇز قىلىش سۈپىتىگە ئىگە بولغان بولسا، ئۇنداق كىشىگە ئىشىنىپ بىر نەرسىنى ئامانەت قويۇشقا بولمايدىغانلىقى چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ پىسخىكىۋى ئىقتىدارى بۇزۇقتۇر (يەنى كۆڭلى بۇزۇقتۇر).

ئۈچىنچى، ئىسلام قېرىنداشلىقى — ئۈچ ئىشنىڭ تېپىلىشى بىلەن بارلىققا كېلىدىغانلىقى. يەنى ئۇ بولسىمۇ تەۋھىد، ناماز ۋە زاكات ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى، دىننى قارىلايدىغان سۆزلەرنى قىلىش — ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇرۇش ئېچىشنى پەرز قىلغۇچى مۇرتەدلىك ۋە كاپىرلىق ئىكەنلىكى.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

### ئىككىنچى ئاساس: «ئىمان»نىڭ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئۆلچىمىدىكى مەنىسى

سەلەف سالىھ (يەنى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە)نىڭ ئەقىدە ئاساسلىرىدىن بىرى شۇكى، ئىمان — سۆز ۋە ئەمەلدۇر. ئۇ زىيادە بولىدۇ ۋە كەم بولىدۇ. ياكى ئىمان — قەلبتە ئېتىقاد قىلىش (يەنى قەلبتە سۆزلەش ۋە قەلبتە ئەمەل قىلىش)، تىل بىلەن سۆزلەش ۋە بەدەن ئەزالىرى بىلەن ئەمەل قىلىشتۇر. ئۇ ئىتائەت بىلەن زىيادە بولىدۇ، ئاسىيلىق بىلەن كېمىيىدۇ (يەنى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئىمان كۈچىيىدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەت بىلەن ئىمان ئاجىزلىشىدۇ). «سۆز» دېگىنىمىزدە — قەلبنىڭ سۆزى ۋە تىلنىڭ سۆزىنى كۆرسىتىدۇ. «ئەمەل» دېگىنىمىزدە — قەلبنىڭ ئەمىلى ۋە بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمىلىنى كۆرسىتىدۇ. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىماننىڭ مەنىسى سۆز ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت ئىككى رۇكۇن (يەنى ئاساس)دىن تەركىب تاپقان دېسەكمۇ بولىدۇ ياكى قەلبنىڭ سۆزى، تىلنىڭ سۆزى، قەلبنىڭ ئەمىلى ۋە بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمىلىدىن ئىبارەت تۆت رۇكۇندىن تەركىب تاپقان دېسەكمۇ بولىدۇ. يەنى مۇشۇ تۆت رۇكۇننىڭ بىرى يوقالسا كىشىدە ئىمان بولمىغان بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ يەردىكى «تەرك ئېتىلسە ئىماننىڭ يوقاپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان سۆز» دېگەندىن مەقسەت — شەرىئەتتە كىشى تەرك ئېتىش بىلەن كاپىر بولۇپ كېتىدىغان سۆزنى كۆرسىتىدۇ. «تەرك ئېتىلسە ئىماننىڭ يوقاپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئەمەل» دېگەندىن مەقسەت — شەرىئەتتە كىشى تەرك ئېتىش بىلەن كاپىر بولۇپ كېتىدىغان ئەمەلنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ خىل سۆز ۋە ئەمەل «ئىمان ئەسلىي (يەنى يىلتىز خاراكتېرلىك ئىمان)» ياكى «ئەسلىي ئىمان (يەنى ئىماننىڭ يىلتىزى)» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. دېمەك، ئىمان — ئىمان ئەسلىي (يەنى يىلتىز ئىمان)، ئىمان ۋاجىب (يەنى ۋاجىب ئىمان) ۋە ئىمان مۇستەھەب (يەنى مۇستەھەب ئىمان) دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. يىلتىز ئىمان دېگىنىمىز — تەرك ئېتىلسە كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدىغان (يەنى ئىمان يوقاپ كېتىدىغان) سۆز (يەنى الله چۈشۈرگەن ۋەھيىنى ھەق دەپ تەستىقلاشتىن ئىبارەت قەلبنىڭ سۆزى ۋە ئۇنى ھەق دەپ ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەت تىلنىڭ سۆزىدۇر. مەسىلەن، ئىسلامغا كىرمەكچى بولغان كىشىنىڭ كەلىمە شاھادەتنى قەلبتە تەستىقلاپ، ئېغىزىدا ئىقرار قىلغانغا ئوخشاش)دۇر ياكى ئەمەل (يەنى ئىسلام دىنىنى ياخشى كۆرۈش، كۇفرىنى يامان كۆرۈشتىن ئىبارەت قەلبنىڭ ئەمىلى ياكى بۇتقا سەجدە قىلىشنى تەرك ئېتىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىگە ئەھلى ئىسلام تەرىپىدىن ئىجماغا كېلىنگەن بىرەر دىنىي مەسىلىنى مەسخىرە قىلىش قىلىقلىرىنى تەرك ئېتىش... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمەللىرى)دۇر. ۋاجىب ئىمان دېگىنىمىز — تەرك ئېتىلسە ئىمان يوقاپ كەتمەستىن بەلكى ئىماننىڭ كېمىيىشىگە ياكى ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدىغان سۆز ياكى ئەمەلنى كۆرسىتىدۇ (يەنى شەرىئەتتە بىر قىسىم پەرز سۆز ياكى پەرز ئەمەللەر باركى، ئەگەر تەرك ئېتىلسە كىشى كاپىر بولماي بەلكى گۇناھكار بولىدۇ. مەسىلەن، نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش ياكى گۇۋاھلىققا چاقىرىلغاندا ئادىل گۇۋاھلىق بېرىش دېگەندەك. شۇنداقلا تەرك ئەتمىسە كاپىر بولماي گۇناھكار بولىدىغان ھارام سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە شەرئىي ئۆزرىسىز باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش... قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ خىل ھارام سۆزلەرنى تەرك ئېتىش — ۋاجىب ئىماندۇر. مۇسۇلمان كىشىدە بۇ خىل ۋاجىب ئىمان بولمىسا كاپىر بولمايدۇ بەلكى گۇناھكار بولۇپ، ئىمانى ئاجىزلىشىدۇ ياكى كېمىيىدۇ). مۇستەھەب ئىمان دېگىنىمىز — تەرك ئېتىلسە كىشى كاپىر بولمايدىغان ۋە گۇناھكارمۇ بولمايدىغان شۇنداقلا شەرىئەتتە «مۇستەھەب» ياكى «سۈننەت» دەپ ئاتىلىدىغان، يەنى قىلسا ساۋاب بولىدىغان، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان سۆز (مەسىلەن، مۇسۇلمانغا ئۇچراشقاندا سالام قىلىش ياكى نامازدىن كېيىنكى زىكرىلەر... قاتارلىقلارغا ئوخشاش) ۋە ئەمەل (مەسىلەن، پەرز نامازلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سۈننەت نامازلار، پەزىلەتلىك كۈنلەردە تۇتۇلىدىغان روزىلار، نەفلە ئىبادەتلەر ۋە مەكرۇھ ئىشلارنى تەرك ئېتىش... قاتارلىقلارغا ئوخشاش)دۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

### دۆلەتلەر ئارىسىدىكى كېلىشىملەرنىڭ ماھىيىتى

ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، دۆلەتلەر ئارا كېلىشىملەرگە ئىدىئولوگىيە ۋە پرىنسىپلار ھۆكۈمران بولماستىن بەلكى پايدا ـ مەنپەئەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئەگەر بىز بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلىك سەپ قۇرالىغان بولساق ئىدۇق، دۈشمەن ھەرگىزمۇ بەزى مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان بولاتتى لېكىن سەپتىكى يوچۇقلار بىزنىڭ يالغۇز قېلىشىمىزغا ئەڭ گەۋدىلىك سەۋەب بولدى. بىزگە پىلانلانغان سۇيىقەستىنىڭ ھەجىمىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ سۇيىقەستلەر مۇجاھىدلارنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى، ساباتلىق بولۇشى ۋە ئىمان كەلتۈرۈشى قاتارلىق تاملارغا ئۇسكەندە ھەرگىزمۇ ئىشقا ئاشمىغان بولاتتى. بىزنىڭ بىرلىكىمىز ۋە قورالىمىز بىزنىڭ كۈچ مەنبەيىمىزدۇر. بىز الله خالىسا خەتىرى ئىنتايىن زور بولغان مۇشكۈلاتلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە قادىرمىز. بۇنىڭ شەرتى شۇكى، رەببىمىزگىلا ئېسىلىشىمىز كېرەك ۋە ئۆزىمىزنىڭ قارارى ئۆزىمىزنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك.

— دوكتور مۇزھىر ۋېيس

# غازاتلار تارىخى



## ئۇ (الله قا) قۇل بولغۇچى ئىنسان بولغاندىن باشقا يەنە الله نىڭ ئەلچىسى

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارغا ئۆلگە بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ الله قا بولغان قۇللۇقىنى ئۆزىدە نامايەن قىلدى. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ جەڭدە (يەنى ئۇھۇد جېڭىدە) يارىلىنىپ چىشى سۇنۇپ كەتتى. بۇ ھادىسە مۇسۇلمان كىشىنى الله يولىدىكى ھەر قانداق قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرىشكە ئۈندەيدىغان مۇھىم ئامىلدۇر چۈنكى ئۇ كىشى شۇ (قىيىنچىلىق) پەيتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكەن مۇسىبەتكە قارايدۇ-دە، الله نىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېسىگە ئالىدۇ: «ئى مۇھەممەد! ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، الله يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا) تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن (كۇفرىدا چىڭ تۇرسا) ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ» (سۈرە ئال ئىمران 128- ئايەت).

## ئەنسارىلارنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچلۈكلۈكى

ئەبۇ سۇفيان جەڭدىن ئىلگىرى ئەنسارىلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا: «بىز بىلەن قەبىلىدىشىمىز (يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى دېمەكچى) ئارىسىدىكى ئىشقا سىلەر ئارىلاشماڭلار، سىلەر بىلەن جەڭ قىلغۇمىز يوق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنسارىلار ئۇنىڭغا قوپال رەۋىشتە رەددىيە بەردى ۋە ئېغىر سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قاتتىق ھىمايە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرۈشكە، ئۇرۇش قىلىشقا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا بولغان ئاجايىپ جۈرئىتىنى نامايەن قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەتراپىدا يىقىلىۋاتاتتى ۋە ئۆزلىرىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداش ئۈچۈن پىدا قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ پىداكارلىقى ۋە باتۇرلۇقىغا ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئىمانى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى سەۋەب بولغان ئىدى.

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆلتۈرۈلۈش خەۋىرىنىڭ تارقىلىشى

بۇ جەڭدە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئۆسەك سۆزلەر تارقالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەرنى بۇ ئۆسەك سۆزگە رەددىيە بەرمەسلىككە بۇيرۇدى. مانا بۇ ئىشتا كاتتا بىر ھېكمەت بار. بۇ ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، الله نىڭ دىنى بىر شەخس (يەنى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە ئۆلۈم مۇسىبىتىگە دۇچار بولۇشى مۇمكىن بولغان بىر ئىنسان)كە قاراشلىق ئەمەس چۈنكى ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىكى دانىشمەنلەر: «ئەگەر مۇھەممەد ﷺ <ئۆلگەن> بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان ئۇلۇغ غايە ئۈستىدە تەۋرەنمەي ئۇرۇش قىلىڭلار ۋە جىھادىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار» دېدى. مانا بۇ — ھەربىر مۇسۇلمان نىشان قىلىپ بېكىتىشى ۋاجىب بولغان بىر ھەقىقەتتۇر.

## بۇ جەڭدىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، بۇ جەڭدە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇسۇلمانلارنى: «كىم بۇ قىلىچنى ھەقىقىي رەۋىشتە تۇتالايدۇ؟!» دېگەن سۆز بىلەن جىھادقا قىزىقتۇرغانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ دۇجانە رضي الله عنه نىڭ ئۇ قىلىچنى ئېلىپ، ئۇ ئارقىلىق مۇشرىكلارنىڭ كاللىسىنى ئۇزگەنلىكى.

ئىككىنچى، قوماندانىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ قېلىش بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پۇختا ۋە ھېكمەتلىك پىلانى ئىكەنلىكى ھەمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئارقىلىق مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ھۇجۇمىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى ئىكەنلىكى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى توغرىسىدا سورىغان كىشىلەرگە جاۋاب بەرمەسلىككە بۇيرۇغان.

ئۈچىنچى، قوماندانىنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى بولسا ئەسكەرلەرنىڭ مۇستەھكەم تۇرالىشىنىڭ چوڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى، جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇش، سەۋر قىلىش ۋە الله نى ئەسلەش قاتارلىقلارنىڭ الله نىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشىشنىڭ كاتتا سەۋەبلىرىدىن ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، مۇئمىنلەرنىڭ سېپىدە مۇناپىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئىكەنلىكى: شۇنىڭدەك، ئىمانى ئاجىز، بۇيرۇققا ئاسىيلىق قىلغان ھەمدە ئەمىرنىڭ بۇيرۇقىغا ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە رىئايە قىلمىغان كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ ھەم مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئىكەنلىكى.

# پەرقلەر تارىخى



## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

خاۋارىجلارنىڭ ئىككىنچى ئاساسىي سۈپىتى بولسا، شېرىك ئەھلىنى قويۇپ، ئىسلام ئەھلىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ خاۋارىجلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئىسلام ئەھلىنى ئۆلتۈرىدۇ ئەمما شېرىك ئەھلىنى قويۇپ قويىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنى تاپسام ئىدىم، ئۇلارنى ئاد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرگەن بولاتتىم» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «ئۇلار كاپىرلار ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنى مۇئمىنلەرگە ئەينەن تەتبىقلىغان» (بۇخارى توپلىغان).

دېمەك، ئۇلار كاپىرلارغا ئىجرا قىلىدىغان ھۆكۈملەرنى مۇئمىنلەرگە يۈرگۈزۈپ، كاپىرلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىنى مۇئمىنلەرگە قىلىدۇ.

ھەر قانداق بىر كىشى كۆڭلىدە ۋە مەنھەجى (يەنى ئۆزىنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى)دە مۇسۇلمانلارغا قارىتا قاتتىقلىقنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا سەل قاراشنى ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە قارىغاندا مۇسۇلمانلار بىلەن كۆپرەك مەشغۇل بولۇشنى تاپىدىكەن، ئەنە شۇ كىشى يۇقىرىقى خاۋارىجلىق سۈپىتىدىن مەلۇم نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى تۇتۇپ ماڭغان يولنىڭ قارشى يۆنىلىشىدە ماڭغان بولىدۇ.

بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر» (سۈرە فەتھ 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

قارايدىغان بولساق، مانا بۇ ئاشقۇنلار مۇسۇلمانلارغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىگە شىددەتلىك ۋە قاتتىقتۇر. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قىلىدىغان ئىشى بولسا، شۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ۋە سەھۋەنلىكلىرىنى تەكشۈرۈش، دائىم ئۇلار ھەققىدە سۆز قىلىش ۋە ئۇلارنى قارىلاش بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىدىن ئازغىنە بىر ۋاقىتنى مۇشرىكلارغا قارشى كۈرەشكە سەرپ قىلىدۇ، نۇرغۇنلىغان كۈن ۋە ئايلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈرەشكە ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى سۆزلەشكە سەرپ قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان بىلەن تىللىشىش — پاسىقلىق؛ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش — كۇفرىلىقتۇر (يەنى دىنىدىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كىچىك كۇفرىلىقتۇر)» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمنىڭ تىلى ۋە قولىدىن مۇسۇلمانلار سالامەت قالسا، ئەنە شۇ مۇسۇلماندۇر» (بۇخارى توپلىغان).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىننى تولا تىللايدىغان كىشى جەھەننەمنىڭ گىرۋىكىگە يېقىن كەلگەن كىشىگە ئوخشايدۇ» («سەھىھ جامىئ» 3586- ھەدىس).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئى تىلى بىلەن ئىمان ئېيتىپ، ئىمان قەلبىگە كىرمىگەنلەر گۇرۇھى! سىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار ۋە ئۇلاردىن ئەيىب ئىزدىمەڭلار. چۈنكى، كىمكى مۇسۇلمانلاردىن ئەيىب ئىزدەيدىكەن، الله ئۇ كىشىدىن ئەيىب ئىزدەيدۇ؛ الله كىمدىن ئەيىب ئىزدىسە، ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە (باشقىلارغا) ئاشكارىلىۋېتىدۇ» («سەھىھ ئەبۇ داۋۇد» 4083- ھەدىس).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇسۇلماننى باشقىلارغا يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن يامان بىر سۈپەتنى چاپلايدىكەن، ئۇ كىشى دېگەن سۆزىدىن قايتىپ چىقىپ كەتمىگىچە الله ئۇ كىشىنى جەھەننەمنىڭ كۆۋرۈكى ئۈستىدە توختىتىپ قويىدۇ» («سەھىھ ئەبۇ داۋۇد» 4086- ھەدىس). ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە قانلىرىغا سەل قاراش شۇنداقلا يالغان، زەئىپ باھانە-سەۋەبلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشتۇر. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ «كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلدۇق» دېگەننى باھانە قىلىپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش، ياكى مۇسۇلمانلارنى «مۇرتەد بولدى» دەپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، ياكى «مۇرتەدلەر بىلەن دوستلاشتى» دەپ ئۆلتۈرۈش، ياكى «مۇرتەدلەرگە سۈكۈت قىلدى» دېگەن باھانە بىلەن ئۆلتۈرۈش، ياكى «مۇرتەدلەر بىلەن بىر رايوندا ئولتۇردى» دېگەن باھانە بىلەن ئۆلتۈرۈش، ياكى «مۇسۇلمانلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى ئىدۇق» دېگەن باھانە بىلەن ئۆلتۈرۈش... قاتارلىق الله نىڭ دىنىدا گۇناھسىز كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشنى «ئاقلايدىغان» بىرەربىر شەرئىي دەلىل بولمىغان «ئۆلتۈرۈش باھانە-سەۋەبلىرى» تىزىملىكى ناھايىتى كۆپتۇر.

ئىبنى ئابباس رضي الله عنه نەقىل قىلغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ كەئبىگە قاراپ مۇنداق دېدى: <ئى ئۆي! سېنى قارشى ئالىمەن، سېنىڭ ھۆرمىتىڭ نېمىدېگەن ئۇلۇغ! ئەلۋەتتە، مۇئمىننىڭ ھۆرمىتى الله نىڭ نەزىرىدە سەندىنمۇ ئۇلۇغ چۈنكى الله سەندىن بىر نەرسىنى ھارام قىلدى لېكىن مۇئمىندىن ئۈچ نەرسىنى ھارام قىلدى. ئۇ بولسىمۇ مۇئمىننىڭ قېنى، مېلى ۋە شۇ مۇئمىنگە يامان گۇمان قىلىنىش>» («سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» 3420- ھەدىس).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قورال چىقارسا، ئۇ مۇسۇلمان قورالنى قويمىغىچە الله نىڭ پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا لەنەت قىلىدۇ» («سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» 3473- ھەدىس).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا تۆمۈر (يەنى قورال) تەڭلىسە، گەرچە ئۇ قېرىندىشى ئۆزىنىڭ ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىندىشى بولغان تەقدىردىمۇ قولىدىكى قورالنى قويمىغىچە پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ» («سەھىھ مۇسلىم» 2616- ھەدىس).

چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ قېرىندىشىغا تۆمۈر تەڭلىگەن كىشىگە مانا بۇنداق قاتتىق ۋەئىد (يەنى ئازاب ۋەدىسى) بولسا؛ ئۇنلىغان، يۈزلىگەن گۇناھسىز مۇئمىنلەرنى ئوت-چۆپ ئورىغاندەك ئورۇپ تاشلايدىغان ماشىنا بومبىلار ۋە مىنالارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتەر يوللىرىدا ۋە كوچا-كويلىرىدا پارتلاتقان كىشىلەرنىڭ ھالى قانداق بولار؟!

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ھارام قانغا چېقىلىپ سالمىسىلا ئۆز دىنىنىڭ كەڭچىلىكى ئىچىدە داۋاملىشىدۇ» (بۇخارى توپلىغان).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇئمىنگە ئەزىيەت بېرىدىكەن (يەنى شەرئىي ئۆزرىسىز دىلىنى رەنجىتىدىكەن)، ئۇنىڭ جىھادى جىھاد ئەمەس» («سەھىھ جامىئ» 6378- ھەدىس).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## مۇزنىڭ شىپالىق رولى

مۇز قان توختىتىدۇ. قانىغان جايغا مۇز قويۇپ بەرسە قان توختايدۇ (إن شاء الله).

مۇز كۆيۈككە شىپا بولىدۇ. قول ياكى بەدەننىڭ بەزى جايلىرى كۆيۈپ قالغاندا، مۇزنى كۆيگەن جايغا قويۇپ بەرسە ئاغرىق توختاپلا قالماستىن، ئىششىشنىڭ ۋە سۇلۇق قاپارتقۇ پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ (إن شاء الله).

مۇز باكتېرىيىنى تىزگىنلەيدۇ. كېسەللىك باكتېرىيىسى بىلەن يۇقۇملانغان جايغا مۇز قويۇپ بەرسە، باكتېرىيىنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگىلى، يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ (إن شاء الله).

مۇز قىچىشىشنى توختىتىدۇ. قىچىشقان يەرنى قاشلىغاندا ئاسانلا يۇقۇملىنىپ قالىدۇ، قاشلىغانسېرى تېخىمۇ قىچىشىدۇ. ئەگەر قىچىشقان جايغا مۇز قويۇپ بەرسە، قىچىشىشنى تەلتۆكۈس تۈگەتكىلى بولىدۇ (إن شاء الله).

مۇز ئاغرىقنى توختىتىدۇ. بارماققا تىكەن كىرىپ كېتىپ يىڭنە بىلەن ئېلىشقا توغرا كەلگەندە، بارماقنى مۇزغا بېسىپ، ئاندىن كېيىن تىكەننى ئالسا ئاغرىغانلىقنى بىلىنمەيدۇ (إن شاء الله).

## ئىسلام ۋە بۈگۈنكى دۇنيا




# سوچى يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار يىغىنىدىن كېيىن بەسسام جەئارە سىرىبرېنىتسا قىرغىنچىلىقىنىڭ ئىدلىبتا قايتا يۈز بېرىشىدىن ئاگاھلاندۇردى

سۈرىيىلىك يازغۇچى بەسسام جەئارە 90-يىللاردىكى سېربلار ئۇرۇشى جەريانىدا بوسنىيىدىكى سىرىبرېنىتسا قىرغىنچىلىقىنىڭ ئىدلىب شەھرىدە قايتا يۈز بېرىشىدىن ئاگاھلاندۇردى.

بۇ يازغۇچى تۈركىيە ۋە رۇسىيە ئىككى دۆلەت رەئىسلىرى ئارىسىدا دۈشەنبە كۈنى كەچتە ئېچىلغان سوچى يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار يىغىنىدا چىقارغان «ئىدلىبتا نىزام بىلەن قوزغىلاڭچىلار كونتروللۇقىدىكى رايونلار ئارىسىدا قورالسىز رايون قۇرۇش» ھەققىدىكى قارارنىڭ ماددىلىرىغا ئىنراھات بېرىپ مۇنداق دېدى: «دايتون كېلىشىمىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بوسنىيىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىدىن قوراللار يىغىۋېلىنغاندا، بوسنىيىلىكلەر رايونلىرى بىر ھەپتە ئىچىدە سېربلار تەرىپىدىن تەلتۆكۈس ئىشغال قىلىندى. ئىككى تەرەپ توقۇنۇشىنى بېسىقتۇرغۇچى كۈچ بولغان گوللاندىيە ئارمىيىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇقلۇق 8000 نەپەر قەتلى قىلىنغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىرىبرېنىتسا قىرغىنچىلىقى يۈز بەردى. بۇ قىرغىنچىلىقتا گوللاندىيە تەرەپ ئۇرۇش بولماسلىقتا كېپىل بولغۇچى تۈرۈپمۇ قىلچىلىك ھەرىكەت قوللانماستىن قىرغىنچىلىققا قولقوشتۇرۇپ گۇۋاھ بولدى».



ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئازاد رايونلاردىن 15 ـ 20 كىلومېتىر ئارىلىقتا قورالسىز رايون قۇرىمىز دېگەنلىك — ھەربىي ئايروپىلانلار جەڭنى ئاخىرلاشتۇرالمايۋاتقان جەبەل ئەكراد، جەبەل تۈركمەن ۋە جىسىر شۇغۇردەك پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ نەمۇنە ۋە ئۆلگىلىرى بولغان رايونلاردىن ئەسكەر چېكىندۈرۈلۈش دېگەنلىكتۇر».

ئۇ يەنە داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ رايونلار يەر يۈزىدە قورالسىزلاندۇرۇلغان بىلەن ئايروپىلانلار توختاۋسىز قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىشلەۋېرىدۇ. نىزام (نۇسەيرىيە ھۆكۈمىتى) تەرەپتىكىلەر نەچچە 10 كىلومېتىر دائىرىگە يېتىپ بارالايدىغان قوراللارغا ئىگە، بۇنىڭغا ئەگىشىپ قورالسىزلاندۇرۇلغان رايونلار ھەرگىزمۇ ئىشغالچىلارنىڭ ئوت كۈچىنى پەسەيتەلمەيدۇ. پۇتىن شىمالىي ئازاد رايونىدا مەقسەت قىلغان نەرسىلىرىگە ئۇرۇشسىز ئېرىشمەكچى بولۇپ، <ئېغىر قوراللارنى يىغىۋېلىش كېرەك> دېگەننى كۆچەپ تەكىتلىدى، بۇ دېگەنلىك — مۇجاھىدلار تەسلىم بولۇش دېگەنلىكتۇر». يازغۇچى يەنە: «پۇتىن ئاستانا يىغىنىدا چىققان كېلىشىمگە يېڭىدىن كېپىل بولغاندىن كېيىن يەنە جەڭ قىلدى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىدى».

بەسسام جەئارە يەنە شۇنداق دەپ تەكىتلىدىكى: «ئەگەر پۇتىن ئىدلىبتا ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا جەزمىي ئىشەنگەن بولسا ئىدى، قوزغىلاڭچىلارنى ئازاد قىلىنغان رايونلاردىكى <ساقچى>لارغا ئۆزگەرتىش كېلىشىمىگە ھەرگىز ماقۇل بولمىغان بولاتتى». ئۇ يەنە: «پۇتىن جىنايەت گۇرۇھلىرىغا قارشى قوزغالغان ھەرقانداق ئىنقىلابچىنى <تېرروررچى> دەپ سانايدۇ. ئۇنىڭ ئايروپىلانلىرى ئازاد بولغان رايونلارنى بومباردىمان قىلىشتا ھېچقانداق پاسائىل (ئىنقىلابچى گۇرۇھ)نى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ، ھەتتا ئاستانە يىغىنىغا قاتناشقان پاسائىللارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس» دېدى.

بەسسام جەئارە يەنە سوچى كېلىشىمىنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «<مۆتىدىل>لەرنى <رادىكال>لاردىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بۇ كېلىشىمدە ئىدلىبتىكى پاسائىل (ئىنقىلابچى گۇرۇھ)لارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشۇشى مەقسەت قىلىندى. بۇ — <ئىشغالچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتلىرىغا قارشى جەڭ بولسا قېرىنداشلار ئارا جەڭگە ئايلاندى> دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ». ئۇ يەنە مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى: «ھەممەيلەنگە ئوچۇق، روشەن بولغان نەرسە شۇكى، بۇ يىغىننىڭ مەقسىتى — <مۆتىدىل> پاسائىللار بىلەن <رادىكال> پاسائىللار ئارىسىدا جەڭنىڭ يۈز بېرىشى ۋە نەچچە مىڭلىغان شەھىدلەر يىقىلغاندىن كېيىن رۇسلارنىڭ ھەممە پاسائىل (ئىنقىلابچى گۇرۇھ)لارنى تەلتۆكۈس تازىلىۋېتىشىدىن ئىبارەت».

# پۇتىن بىلەن ئەردوغان ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سوچى يىغىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان بەزى قارارلىرى

پۇتىن ۋە ئۇنىڭ تەڭتۇشى بولغان ئەردوغان ئارىسىنى جەملىگەن سوچى يىغىنىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئىككى تەرەپ ئۆزۈندىن بېرى ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان ئىدلىب مەسىلىسى ھەققىدىكى كېلىشىمنىڭ بىر نەچچە ماددىلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماددىلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى شۇكى، مۇجاھىدلار كونتروللۇقىدىكى رايونلار بىلەن نۇسەيرىيە ھۆكۈمىتى كونترول قىلغان رايونلار ئارىسىدا 15 ـ 20 كىلومېتىر دائىرىدە قورالسىز رايون قۇرۇش؛ 10-ئاينىڭ 15-كۈنى تۈركىيە ۋە رۇسىيە ھەربىي-ساقچى قىسىملىرى بۇ رايونلاردا ئورتاق بولغان نۆۋەتلىشىپ ۋەزىپە ئۆتەش خىزمىتىنى ئىشلەش ۋە مۇشۇ يىلنىڭ كېلەركى ئايلىرىدا جىھادى جامائەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئېغىر تىپتىكى قوراللارنى يىغىۋېلىشتىن ئىبارەت.

بەزى ئاكتىپ پائالىيەتچىلەر بۇ يىغىندىن كېلىپ چىققان كېلىشىملەر بىلەن بوسنىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان سىرىبرېنىتسا شەھىرىدە 90-يىللاردىكى سېربلار ئۇرۇشى جەريانىدا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقنىڭ ئارىسىنى ئۆزئارا باغلاپ چۈشەندۈرۈشتى. ئەينى چاغدا كۆپ قىسمى ئەرلەردىن تەركىب تاپقان نەچچە مىڭلىغان مۇسۇلمانلار قىرغىن قىلىندى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن مۇجاھىدلارنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت ۋەدە قىلىنىپ، مۇجاھىدلاردىن قورال يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن بۇ قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەن. ب د ت شۇنداق ۋەدە قىلغانكى: «مۇھاسىرىگە ئېلىنغان رايون گوللاندىيە ئارمىيىسىنىڭ ھىمايىسىدىكى قورال يىغىۋېلىنغۇچى تىنچ رايون بولىدۇ». لېكىن گوللاندىيە ئارمىيىسى ب د تنىڭ بۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايلا قالماستىن بەلكى ئۆزىگە پاناھلىق تىلەپ كەلگەن ياش يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە مۇپتىلا قىلىش ئۈچۈن سېربىيە ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، سوچى كېلىشىمى ئاستانە يىغىنى ۋە ئۇندىن باشقا كۆپ قېتىملىق يىغىنلارنىڭ داۋامى بولۇپ، شۇ يىغىنلارنىڭ نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئازاد رايونلار نىزام (نۇسەيرىيە ھۆكۈمىتى)غا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. تۈركىيە بولسا سۈرىيىگە خوشنا بولۇش سۈپىتى بىلەن سۈرىيىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆز مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشچانلىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنى سۈرىيە خەلقى ئۈچۈن «بىردىنبىر نىجاتكار» سۈپىتىدە نامايەن قىلىپ كۆچىنىڭ يېتىشىچە پايدا ئېلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە «خەلقئارا قانۇنىنىڭ ئىخلاسمەن بىر كاپالەتچىسى» قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. لېكىن سۈرىيىنىڭ شىمالىي ئازاد رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەڭ بەك ئەنسىرەيدىغىنى — خۇددى ب د ت سىرىبرېنىتسا قىرغىنچىلىقىدا رول ئوينىغان كەبى تۈركىيىنىڭمۇ ئىدلىب مەسىلىسىدە ئەنە شۇنداق رول ئوينىشىدۇر («ئىبا ھەپتىلىك گېزىتى»دىن ئېلىندى).



## جىهادنىڭ داۋاملىشىشى — چۈشۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ئۆزگەرمەس پرىنسىپتۇر

«ھەيئەتۇ تەھرىر شام يوقىلىپ كەتسە ياكى باشقا پاسائىل (ئىنقىلابچى گۇرۇھ)لارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ كەتسە بولاتتى» دېگەنلەر شۇنى ئوبدان بىلىشىدۇكى، ھەيئەتۇ تەھرىر شام (ﷲ ئۇنى ئىززەتلىك قىلسۇن) شام جىهاد زېمىنىدىكى نەيزىنىڭ بېشى، نەيزىنىڭ ئاساسى ياكى نەيزىنىڭ ئۇچىدۇر. شۇنداقلا ھەيئەتۇ تەھرىر شام ئەھلى سۈننەتنىڭ شەۋكىتى (يەنى قوراللىق كۈچى) بولغان سادىق مۇجاھىدلار بىلەن بىرگە تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ھەيئەتۇ تەھرىر شام يوقىلىپ كەتسە بولاتتى» دېگەن تەلەپنى قىلغانلار پىسخىك ئۇرۇش قوزغايدىغان ئۆسەك سۆزلەردىن توختىغىنى يوق. ئۇلارنىڭ مەقسىتى شام زېمىنىدىكى مۇجاھىدتىن جەڭ قىلىش ئىرادىسىنى تارتىپ چىقىرىۋېتىش، يوق قىلىۋېتىش شۇنداقلا مۇجاھىدلارنىڭ مەنىۋىيەتلىرىنى زەئىپلەشتۈرۈش ۋە چۈشۈرۈۋېتىش (يەنى مۇجاھىدنى تېخىرقاپ يۈرىدىغان ۋە قارىغۇلارچە ئىش قىلىدىغان قىلىپ قويۇش)، مۇجاھىدلارنى ئەتراپىدىكى مۇجاھىدلارغا ۋە جىهاد مەيدانىنىڭ رەھبەرلىك قاتلاملىرىغا ئىشەنمەس قىلىپ قويۇش ھەمدە ئۆزئارا ئىشەنچنى يوق قىلىۋېتىشتۇر.




ھەيئەنىڭ قىزىل قورالى سىزىقتۇر، يەنى جىهادنىڭ داۋاملىشىشى — چۈشۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ئۆزگەرمەس پرىنسىپتۇر. ھەيئەنىڭ قورالىغا قەتئىي چېقىلىشقا بولمايدۇ ۋە ﷲ نىڭ ئىزنى بىلەن «ھەيئەنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋالىمىز» دەپ سۆزلىگەن قوللار كېسىلىدۇ.

كىمكى «ھەيئە يوقىلىپ كەتسە بولاتتى» دەپ سەپسەتە سۆزلەيدىكەن، ئۇنداقتا، بۇ كىشى ئۆزىنىڭ كېسەل ئەقلىدىكى ۋەسۋەسىلەرنى ۋە ۋەھىمە (يەنى پىسخىكىسىنى قورقۇتۇۋاتقان شۇ ۋەھىمە)لەرنى تاقىۋېتىشى ۋاجىبتۇر. ھەيئەنىڭ قارارى قۇرئان-سۈننەتنى ئاساس قىلغان ئۆزىنىڭ سادىق ئوغلانلىرىنىڭ قولىدا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەيئەنىڭ ئىشىكى باشقىلارنىڭ ھەمكارلىقىنى قوبۇل قىلىشقا ياكى باشقىلار بىلەن ماسلىشىپ مۇشۇ ساھەنى قۇتۇلدۇرىدىغان يارdemلەرنى قوبۇل قىلىشقا دائىم ئوچۇق. ھەتتا ئىندىماج (يەنى ئىسلامىي پاسائىللار بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش)غىمۇ تەيياركى، بۇ ئىندىماجنىڭ شەرتى — شۇ ساھەنىڭ جىهاد مەيدانىنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرى (يەنى «مۇجاھىدلارنى قورالسىزلاندۇرۇش» دېگەنلەرگە قارشى تۇرۇش، شەرىئەتنى تەتبىقلاش، مۇھاجىرلارنى ھەيدەپ چىقارماسلىق ۋە جىهاد داۋاملىشىش... دېگەندەك مۇشۇ ساھەنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرى)دىن چۈشۈپ بەرمەسلىكتۇر. شۇڭا بۇ ھەقتە مۇجاھىدلار ئۆزى مۇستەقىل قارار چىقىرىدۇكى، ھەرگىزمۇ باشقا پاسائىللارغا ياردەم بېرىۋاتقان ئەجنەبىي دۆلەتلەرنىڭ كۆرسەتمە ۋە يوليورۇق بېرىشىگە مۇھتاج ئەمەس.

## ھېكمەت دۇردانىلىرى

**1**

ھازىرقى زامان مۇرجىئەلىرى ئىسلام دۈشمەنلىرىگە بولغان دوستلۇقىنى ئۆزىگە سايە قىلىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان ھەدىسلەرنى ۋە ئالىملارنىڭ سۇلتانلار (يەنى ھۆكۈمرانلار)غا ئىتائەت قىلىش توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئاقلىشىدۇ. ئۇلار غەربلىكلەرنىڭ ئىسلامغا مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن، شۇ غەربلىكلەر تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا زورلاپ تېڭىلغان (ئاغدۇرۇۋېتىلىشقا تېگىشلىك بولغان) سۇلتان بىلەن (سەۋر قىلىشمىزغا تېگىشلىك بولغان) پاسىق سۇلتان ئارىسىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ.

— شەيخ سۇلايمان ئۇلۋان

**2**

كىشىلەردىن ئۆتۈۋېتىش ۋە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىش مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. گۇناھ مىقدارىدا جازالاش ئادالەتتۇر، جازالاشتا چوڭقۇرلاپ كېتىش ھالاكەتتۇر. زۇلۇم قىيامەت كۈنىدە زۇلۇماتتۇر (يەنى قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقتۇر).

— شەيخ سۇلايمان ئۇلۋان

## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

گۇر-گۇر قىلىپ ئۈنلەيدۇ،
بەرگىنىنى «ئۈن» دەيدۇ.

2. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ:

ئىككى كىشى بار،
ئۆتىدۇ ئىناق.
بىر-بىرلىرىگە،
تولىمۇ ئامراق.
باردۇر چوڭ-كىچىك،
بەشتىن بالىسى.
قوش-گېزەكلەردەك،
يېقىن ئارىسى.
بىر كىشىدەكلا،
ئىشتا، ھەرىكەتتە.
تېپىڭلار بۇنى،
دوستلار بەس-بەستە.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. سۇ.
2. تىل.



# ئەسكىري تەلىم





## تاپانچا پې ئېم 51 (ماكاروف) 51 ـ PM

بۇ تاپانچا تۇنجى قېتىم نىكولاي فيودوروۋىچ ماكاروف (Nikolay Fyodorovich Makarov) تەرىپىدىن 1949 ـ يىلى رۇسىيىدە ياسالغان بولۇپ، 1951 ـ يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىلغان شۇڭا 51 ـ Pistalet Makarov (پىستالېت ماكاروف ـ 51) قىسقارتىلىپ 51 ـ pm (تاپانچا ماكاروف 51 ـ يىللىق مودېلى) دەپ ئاتالغان.

بۇ تاپانچىنى رۇسىيە ساقچىلىرى ئىشلىتىدۇ. بۇنى خىتاي «59 تىپلىق» دەپ ئاتايدۇ. ۋەزنى يېنىك، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك، ھەرقانداق ئورۇندا ئەمەلىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق، شۇڭلاشقا ئۇچۇن روسىيىنىڭ ئەسكىري قوماندانلىرى ئۆزىگە قوغدىنىش قورالى قاتارىدا ئىشلىتىدۇ. ئەسىرگە ئېلىشتا رولى ياخشى.

### قورالنىڭ مەلۇماتلىرى

1. ئوقنەيچە ئۆلچىمى: بۇرمىلىرىنىڭ قىرىدىن 8.9 مىللىمېتىر؛ بۇرمىلىرىنىڭ تېگىدىن 9.2 مىللىمېتىر؛ ئوتتۇرىچە 9 مىللىمېتىر
2. ئوق ئۆلچىمى: 9×18 مىللىمېتىر
3. قورالنىڭ ئۇزۇنلۇقى: 16.1 سانتىمېتىر
4. ئوقنەيچە ئۇزۇنلۇقى: 93 مىللىمېتىر
5. قورالنىڭ ئوقسىز ئېغىرلىقى: 730 گرام؛ 8 تال ئوق بىلەن ئېغىرلىقى 810 گرام
6. ئوقنىڭ ئېغىرلىقى: 10 گرام
7. ئوقنىڭ دەسلەپكى تېزلىكى: 315 مېتىر ھەر سېكۇنت
8. ئوقدانغا سەككىز پاي ئوق سىغىدۇ.
9. بۇرمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى: 275 ~ 280 مىللىمېتىر
10. ئوقنەيچە ئىچىدە تۆت تال ئوڭغا بۇرالغان ئايلانما سىزىق بار.
11. سوۋۇتۇلۇشى ھاۋا بىلەن بولىدۇ.
12. قورالنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى سىلكىنىش بىلەن بولىدۇ.
13. قورال يېرىم ئاپتوماتىك ئوق ئاتىدۇ.
14. ئۆلتۈرۈش مۇساپىسى: 35 مېتىر
15. ياخشى نەتىجە بېرىدىغان مۇساپىسى: 75 مېتىرغىچە
16. ئوقنىڭ ئاخىرقى مۇساپىسى: 750 مېتىر
17. ئېگىزلىكى: 126.7 مىللىمېتىر
18. ئەمەلىيەتتە مىنۇتىغا ئوق ئېتىشى: 30 پايغىچە
19. ئوقنەيچە ئېغىزىنىڭ بېسىمى: 30 كىلوگرام ھەر مېتىر
20. نىشانغا تەگسە تەسىر قىلىش مۇساپىسى: 350 مېتىرغىچە
21. قارىغالغۇچلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى: 150 مىللىمېتىر

### قورالنىڭ تاشقى ئەزا ئاتالغۇلىرى

1. ئالدى قارىغالغۇچ؛ 2. قاپقاق ۋە يىڭنە بىرىكمىسى؛ 3. قاپقاقنى كەينىدە توختاتقۇچى؛ 4. تۇتۇپ بەتلەش ئورنى؛ 5. قۇلۇپ؛ 6. ئارقا قارىغالغۇچ؛ 7. توقماق؛ 8. تۇتقۇچ؛ 9. ئوقدان قۇلۇپى؛ 10. تاپانچىنى ئېسىش ئورنى؛ 11. ئوقدان؛ 12. تەپكە؛ 13. تەپكە مۇھاپىزەتچىسى.




### قورالنى چۇۋۇپ ـ قۇراشتۇرۇش

1. ئوقدان قۇلۇپىنى كەينىگە ئىتتىرىپ، ئوقداننى تارتىپ چىقىرىۋالىمىز. ئاندىن قورالنىڭ ئۇچىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئىككى قېتىم قۇرۇپ، تەپكىنى بىر بېسىپ تەكشۈرۈۋېتىمىز.

2. تەپكە مۇھاپىزەتچىسىنى ئاستىغا تارتىپ، ئوڭ ياكى سول تەرەپكە تاقاشتۇرۇپ قويىمىز.

3. قاپقاقنى كەينىگە تولۇق تارتىپ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئالدىغا قايتۇرساق قاپقاق ئاجراپ چىقىدۇ. ئوقنەيچىدىن چىققان پۇرژىنىنى ئالدىغا ئىتتىرىش ئارقىلىق ئالىمىز.

4. قورالنى قۇراشتۇرۇش تەرتىپى چۇۋۇش تەرتىپىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

### PM دىن ئوق ئېتىشنىڭ قائىدىلىرى

قورالنى تەكشۈرۈش ئۇچۇن 25 مېتىردىن ئاتىمىز. بۇ ۋاقىتتا دىئامېتىرى 25 سانتىمېتىرلىق قارا چەمبەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى نىشانغا ئېلىپ ئاتساق، ئوق ئوتتۇرىچە 12.5 سانتىمېتىر چەتنەپ مەركىزىي نۇقتىغا تېگىشى كېرەك. 100 مېتىردىن ئېتىپ ئوق ئوتتۇرا مۇساپىگە كەلگەندە، ترايېكتورىيە قارىغا ئېلىش نۇقتىسىدىن 17سانتىمېتىر ئۆرلەيدۇ.

100 مېتىردا ھەر ۋاقىت ئادەمنىڭ بېلىنى نىشانغا ئالساق ياخشى تېگىدۇ.

مۇساپىسى 50 مېتىرغىچە بولغان ھەرىكەتچان ۋە مۇقىم نىشانغا ئېگىزلىكى بويىچە ئوق ئاتىمىز. ھەرىكەتچان نىشانىنى ئېتىشتا كۇتۇۋېلىش بولۇقى، نىشاننىڭ ھەرىكەت ھالىتى ۋە نىشان تېزلىكىنى دىققەتكە ئېلىش لازىم.

تېز كۆرۈنۈپ يوقايدىغان نىشانغا تېز ئوق ئېتىش كېرەك. قاراڭغۇدا ياكى چىراغ يورۇقىدا ئوق ئاتماقچى بولساق نىشاننى چاققان تېپىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوق چىقىرىش لازىم، بۇ نىشاننىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇشى ياكى چىراغلارنىڭ يېنىپ تۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. گۇگۇم، سۇبھى ۋە ئايدىڭدا خۇددى كۈندۈزى ئوق ئاتقاندەك ئوق ئاتىمىز. قاپقاراڭغۇدا ئوق ئاتماقچى بولساق ئاۋاز، شولا، دۈشمەن ئوقىنىڭ نۇرىغا ئاساسەن ئاتىمىز.

قارىغالغۇچ بىر مىللىمېتىر يۆتكىلىپ كەتسە ئوقنىڭ ئوتتۇرىچە تېگىش نۇقتىسى 19 سانتىمېتىرغا پەرق قىلىدۇ. قارىغالغۇچ قەيەرگە كەتسە ئوق شۇ تەرەپكە خاتا كېتىدۇ. ئەگەر بۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا 50 گرامدىن يەڭگىل نەرسە بىلەن ئاستا ئۇرۇپ تۈزەيمىز ياكى يېڭىسىغا ئالماشتۇرىمىز.

ماكاروف ئاددىي، ئىشەنچلىك، ھەرگىز ئوق تۇتۇۋالمايدۇ، ئەزالىرى ئالدىراپ سۇنمايدۇ. كونا مودېلىدا 25 مىڭ ئوق ئېتىشقا بولىدۇ. ئەگەر ياخشى ئاسراپ پاكىز تۇتۇلسا 50 مىڭ پاي ئوق ئېتىشقا بولىدۇ. زۆرۈرىيەت تېپىلسا 9×17 مىللىمېتىرلىق ئوقنى ئېتىشقىمۇ بولىدۇ.

### تاپانچىنى ساقلاش ۋە ئاسراش

تاپانچىنى پاكىز تۇتۇش كېرەك ۋە تازىلاش جەريانىدا قورالنىڭ ھەممە ئەزالىرىنى تەكشۈرۈپ، سۇنغان، كونىرىغان ياكى قىڭغىر كەتكەن جايلىرىنى ۋاقتىدا ياساش ياكى ئۇنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇش لازىم.

قورال ئوقنەيچىسىنىڭ ئوق چىقىش ئېغىزى يالىنىپ كەتكەن، بۇرما سىزىقلار ئوق چىقىش ئېغىزىدا ئۇپراپ ياكى سىزىلىپ كەتكەن، قارىغالغۇچ مىدىرلاپ قالغان ياكى ئېگىلىپ كەتكەن بولسا ئوق چوقۇم چېچىلىدۇ.

pm نىڭ تەپكىسىنى تارتىش ئۇچۇن 1.5 كىلوگرامدىن ئاز، 3.5 كىلوگرامدىن كۆپ كۈچ ئىشلەتمەسلىك لازىم. ئاز بولسا ئېتىلمايدۇ، كۆپ بولسا قورال ئەزالىرى بۇزۇلىدۇ. pm نىڭ ئەزالىرى باشقا pm نىڭ ئەزالىرى بىلەن ئالمىشىپ قالغان بولسا ياخشى ئاتمايدۇ.

pm نىڭ خروملۇق (Cr ماددىسى يالىتىلغان) ۋە خرومسىز ئوقنەيچىلىرى بار. خرومسىزنىڭ نۇقسانى كۆپ، تېز داتلىشىدۇ، ياخشى ئاسرالمىسا تېز كېرەكتىن چىقىدۇ. ئۇنى كۆز بىلەن كۆزىتىپ بىلگىلى بولمايدۇ. لاتا بىلەن سىيرىلسا ئاندىن ئۇنىڭغا يۇققان رەڭدىن بىلىنىدۇ. داتلىشىش چوڭقۇرلاپ كەتسە ئويمىلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. خرومسىز ئوقنەيچىدە ئوقنىڭ سۈركىلىشى سەۋەبىدىن مىس رەڭ مېتال يېپىشىپ قالىدۇ. بۇنى مەخسۇس ئۇستىلار تازىلايدۇ.

ئوقنەيچىنىڭ ئىچى سىزىلىپ ياكى قىرىلىپ كەتسە ئوڭشىغىلى بولمايدۇ. ئوقنەيچىنىڭ ئىچىدە بەزىدە ھىلال ئايسىمان ياكى دۈگىلەك ئىس قېتىپ قالىدۇ، ئۇنى تازىلاشقا بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا ئوق ئېتىلسا ئوقنەيچىسى كېڭىيىپ كېتىدۇ ياكى يېرىلىپ كېتىدۇ.

تۇتقۇچتىكى مىخنىڭ ئاددىي مىخ ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭدىن مەسىلە چىقسا ئوق ئېتىلمايدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم.

قورال ئوقىنىڭ بولۇپمۇ پىستاننىڭ دات، كىر، نەم، پۇكۇلگەن، ماي، سىزىلغان بولۇپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم. ئوق ئاپتاپتا ۋە قىزىقتا قالماسلىقى كېرەك. جەڭدىن ئاۋۋال ئوقلارغا مەشىق ئوقى ئارىلىشىپ قالماسلىقى زۆرۈر.

# جىهاد چەشمىلىرى

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى ئامېرىكا ئىستىخباراتىنىڭ ئافغانىستان پايتەختى كابۇل ۋە پاكىستان پايتەختى ئىسلامئابادتا ئافغانىستان ۋە پاكىستان ئۆلىمالىرىنى يىغىپ ئافغانىستان جىهادىغا قارشى ئاچماقچى بولغان يىغىنىغا بايانات ئېلان قىلدى. بۇ باياناتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى ئافغانىستاندا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇرۇشتىن باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئافغانىستاننى بېسىۋالماقچى بولغان. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى بولغان «CIA» پىنتاگون (بەش بۇرجەكلىك بىنا) مەسئۇللىرىغا بىر پىلان سۇنغان. ئۇلار پىنتاگون مەسئۇللىرىغا: «ئافغانىستاندا داۋاملىشىۋاتقان جىهادقا قارشى دىنىي ئالىملاردىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. يەنى بۇ ئالىملار ئارقىلىق ئافغان جىهادىغا قارشى پەتۋالارنى چىقىرىشىمىز: بىرلىشىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇرۇش توختىتىش ھالىتىگە ئەكېلىشىمىز: تەشۋىقاتتا تالىبانلار قاتناشمىغان يىغىنلارنى تالىبان قاتناشتى دەپ يالغان خەۋەرلەرنى تارقىتىپ، ئافغانىستان خەلقى ئالدىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى يوشۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن. بۇندىن باشقا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ يىل 5 ـ ئايدا ئافغانىستان جىهادىغا قارشى ھىندونېزىيە، ئافغانىستان ۋە پاكىستان ئۆلىمالىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچقان. 7 ـ ئايدا يەنە ئوخشاش مەقسەتتە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە بىلەن مەككە شەھىرىدە ئىككى كۇنلۇك يىغىن ئاچقان.

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىنىڭ 8 ـ ۋە 9 ـ ئاي ئىچىدىكى ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى

بىر قېتىم ئىستىشهادىي ئەمەلىيىتى قىلغان: تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەردىن 36 نەپەر ئۆلۈپ، 21 نەپەر يارىلانغان: مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 4249 نەپەر ئۆلۈپ، 2800 نەپەر يارىلانغان: 759 دانە ئەسكىري ماشىنا ۋەيران قىلىنغان: تۆت دانە تىكئۇچار ۋە ئىككى دانە جاسۇس ئايروپىلانى ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن: 1697 نەپەر ئافغان ئەسكىرى ۋە ساقچىلىرى ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان: 338 دانە ئەسكىري ماشىنا غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ «C ـ 130 Hercules» تىپلىق بىر دانە يۈك توشۇغۇچى ئايروپىلانى ئافغانىستاندا چۈشۈپ كېتىپ، 11 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن.




■ 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئافغانىستاندىكى ئورۇزگان ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزى تىرىنكوت ئايرودرومىدا ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن ئافغان مۇرتەد ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش يۈز بېرىپ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئافغان مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ ئەھمەدۇللاھ ئىسىملىك بىر نەپەر ئەسكىري مەسئۇلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئافغان مۇرتەد ئەسكەرلىرى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن ئۈچ نەپەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پەلەستىننىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ بوركان رايونىدىكى بىر زاۋۇتتا پەلەستىنلىك 23 ياشلىق بىر مۇسۇلمان يىگىت ئىككى نەپەر ئىشغالچى يەھۇدىينى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ۋە بىر نەپەرنى يارىلاندۇرۇپ ساق ـ سالامەت قېچىپ كەتكەن. ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرى بۇ يىگىتنى تۇتۇش ئۇچۇن كەڭ كۆلەملىك ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغان. ئىككى كۈندىن كېيىن يەھۇدىي ئەسكەرلىرى بۇ يىگىتنىڭ 45 ياشلىق ئانىسى بىلەن ئىككى قېرىندىشىنى تۇتۇپ كەتكەن.



■ 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئەششاباب جامائىتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ جودا ۋىلايىتىنىڭ جالىب شەھرىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سومالى مۇرتەد ھۆكۈمىتىگە خىزمەت قىلىۋاتقان بەش نەپەر سومالىلىق جاسۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. بۇلارنىڭ جىنايەتلىرى بولسا مۇجاھىدلارنىڭ زىيىنىغا كاپىرلار بىلەن ھەمكارلىشىش، مۇجاھىدلارنىڭ ئورنىنى كارتا تاشلاش ئارقىلىق كاپىرلارغا بېكىتىپ بېرىش، مۇجاھىدلارغا ئىقتىسادىي ياردەم قىلىۋاتقان ئەنگلىيىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىخباراتىغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىكەن.

■ 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى خەۋەرلەردە تارقىلىشىچە، تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى «ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، خەلقنى باي قىلىش» دېگەندەك باتىل شوئارى بىلەن مۇسۇلمان خەلقلەرگە زۇلۇمنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىكەن. بۇنىڭ تىپىك مىسالىدىن بىرى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىغا زىت ھالدا چوشقا باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە بەزى يېزىلاردا مۇسۇلمانلارغا مەجبۇرى چوشقا باققۇزۇشنى باشلىغان.



## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىري تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز. بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته